# 220991 - مەسچىتكە ئىئانە قىلىنغان سوۋلاردىن ئىلىپ ئىچسە توغرا بولامدۇ؟

## سوئال

سەدىقە قىلىنغان نەرسىلەرنى ئىشلىتىشنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟، مەسچىتكە بەزى ۋاقىتلاردا ئەتىر ۋە سۇ سەدىقە قىلىمەن، بەزى ۋاقىتتا مەسچىتكە سەدىقە قىلىنغان ئاشۇ ئەتىر ۋە سوۋلاردىن ئىشلىتىپ قالىمەن، بۇنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىزمۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، بارلىق ساھابىلىرى ۋە قىيامەتكىچە توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

مەسچىت ياكى باشقا ئورۇنلارغا قىلىنغان ۋەخپە ياكى ئىئانىلەر ۋەخپە قىلغۇچى ياكى ئىئانە قىلغۇچىنىڭ بېكىتكەن شەرتلىرى بويىچە ئىشلىتىلىندۇ.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ۋەخپە قىلىنغان نەرسىلەر ۋەخپە قىلغۇچىنىڭ بېكىتكەن شەرتىگە ئاساسەن تەسەررۇپ قىلىنىدۇ". [نۇرۇن ئەلەددەربى پەتىۋاسى 2-بۆلۈم 16-قىسىم].

شۇنىڭغا ئاساسەن، ۋەخپى قىلغۇچى باشقا شەرتلەرنى بېكىتمىگەن بولسا، ئۇ كىشىمۇ ئاشۇرىۋەتمەستىن باشقا مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش ئومۇمغا قىلىنغان ۋەخپىدىن پايدىلانسا بولىدۇ، سۇدىن باشقىلار ئىچكەندەك ئىچىدۇ، باشقا نەرسىلەردىنمۇ ئومۇمى مۇسۇلمانلار مەنپەئەتلەنگەندەك مەنپەئەتلىنىدۇ.

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىدە بىر قۇدۇقنى ۋەخپە قىلغان بولۇپ، ئۇ كىشىمۇ بۇ قۇدۇقتىن باشقا مۇسۇلمانلار سۇ ئىچكەندەك سۇ ئىچەتتى.

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«كىمكى رۇمە قۇدۇقىنى سېتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ چېلىكىنى مۇسۇلمانلارنىڭ چېلىكى بىلەن بىرگە قىلسا يەنى: ئۇنىڭ سۈيىنى مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە ئىچسە ياكى پايدىلانسا، ئۇ كىشىگە جەننەتتە ئۇنىڭدىن ياخشى بىر قۇدۇق بېرىلىدۇ؟»** دېگەندە، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن ئۇ قۇدۇقنى ئۆز ئىقتىسادىمدىن سېتىۋالغان دەيدۇ. [تىرمىزى رىۋايىتى 3703-ھەدىس]. شەيخ ئەلبانى رەھمەھۇللاھ بۇ ھەدىسنى ھەسەن دەپ تىرمىزىنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا كەلتۈرگەن.

ئىبنى ھەجەر ھەيتمى رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رۇمە قۇدۇقىنى ۋەخپە قىلىش توغرىسىدا ئېيتقان: بۇ قۇدۇقتا مېنىڭ چېلىكىم مۇسۇلمانلارنىڭ چېلىكىگە ئوخشاش دېگەن سۆزى شەرت بولماستىن بەلكى، ۋەخپە قىلغۇچىنىڭ ئومۇمغا قېلىنغان ۋەخپىدىن مەنپەئەتلىنىشىدىن خەۋەر بېرىشىدۇر". [چوڭ پىقھى پەتىۋالىرى 2-توم 275-بەت].

ئىبنى بەتتال رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: " كىمكى بىر قۇدۇقنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى سۇ ئىچىدىغانلار ئۈچۈن ۋەخپە قىلغان بولسا، گەرچە ئۆزىنىڭ سۇ ئىچىشىنى شەرت قىلمىغان بولسىمۇ، ئۆزىمۇ ئۇ قۇدۇقتىن سۇ ئىچسە بولىدۇ، چۈنكى ئۇ كىشىمۇ سۇ ئىچىدىغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ". [سەھىھ بۇخارىينىڭ شەرھىسى 6-توم 492-بەت].

ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ  ئۆزىنىڭ سەھىھ كىتابىنىڭ 4-توم 7-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "كىمكى بىرەر تۆگە ياكى باشقا نەرسىلەرنى ئاللاھ ئۈچۈن ۋەخپە قىلىپ، باشقا شەرتلەرنى بېكىتمىگەن بولسا، ئۇ كىشىمۇ ئۆزى ۋەخپە قىلغان نەرسىدىن باشقا مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش پايدىلانسا بولىدۇ".

شۇنىڭغا ئاساسەن: بىر كىشى مەسچىتتە ناماز ئوقۇيدىغان جامائەتلەر ئۈچۈن ئىچىدىغان سۇ ياردەم قىلغان بولسا، ئۇ كىشىمۇ شۇ مەسچىتتە ناماز ئوقۇيدىغان كىشلەردىن بىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزى ياردەم قىلغان سۇدىن باشقىلارغا ئوخشاش ئىچسە توغرا بولىدۇ.

شۇنىڭدەك ئەترىنىمۇ ناماز ئوقۇغۇچىلارنى پايدىلانسۇن دەپ ياردەم قىلغان بولسا، ئۇ كىشىمۇ باشقا مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش ئۇ .ئەتىردىن پايدىلانسا بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.